# بارلىق تېخنىكىسىنى ئايىماي ئۆگىتىپ، «ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغان قوشۇن» قالدۇرۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە، جىجياڭ ئۆلكىسى «ئىختىساسلىقلار ياردەم بېرىش، يېتەكلەش، تەربىيەلەش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، 40 ياردەم بېرىش، يېتەكلەش خىزمىتى ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، جىجياڭ ـ ئاقسۇ ئىككى جاينىڭ يىراقتىن ئوقۇتۇش ھەمتۆرتكىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، شۇ جايدىكى ئوقۇتقۇچى، دوختۇرلارنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى، بىر تۈركۈم يەن باشلامچىلىرى بارلىققا كەلدى. خېيلۇڭجياڭ ۋە جىلىن ئۆلكىلىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئالتاي ۋىلايىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 335 پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرى ۋە 252 كەسپىي تايانچنى ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا تاللاپ ئەۋەتتى.

ھەر يىلى مائارىپ، سەھىيە، يېزا ئىگىلىكى ئۈچ ساھەنىڭ ھەربىرىدىن 100دىن كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى تاللاپ ئەۋەتىپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا تېخنىكا مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى، ھەر يىلى سانجى ئوبلاستىدىكى ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ ھەربىرىدىن 100دىن كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىلىمنى ئاشۇردى، فۇجيەن ئۆلكىسى داۋاملىق قانات يايدۇرۇۋاتقان«ئۈچ قوش 100» ئەقلىي كۈچ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى شۇ جايغا ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغان بىر كەسپىي تېخنىكا قوشۇنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار تەمىنلىگەن بىر گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2017 ـ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن 2 مىليارد 340 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرغان، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار تۈرىدىن 2300دىن كۆپرەكنى يولغا قويغان، شىنجاڭدىكى ھەر خىل كادىرلار، ئىختىساسلىقلاردىن 847 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك تەربىيەلەپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر يىلى 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل ئىختىساسلىقلارنى شىنجاڭغا مۇلازىمەت قىلىشقا يۇمشاق ئۇسۇلدا كىرگۈزۈپ، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلاردىكى كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىنلىگەن.

### ■ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ نەتىجىسى مول بولدى

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن دوختۇرلار ماڭا 2 ـ قېتىم ھاياتلىق بەردى، ئۇلار مېنىڭ تۇغقانلىرىم» دېدى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئاتۇشلۇق ياش قەلبىنۇر قۇربان تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق بىلەن جياڭسۇدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن دوختۇرلارنىڭ ئۆزىنى داۋالاپ قۇتقۇزغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ.

2018 ـ يىلى، ئەمدىلا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قەلبىنۇرنىڭ قىزىتمىسى ئۆدا 40 گرادۇستىن چۈشمەي، ئايلىنىپ كېتىپ ھوشىغا كەلمەي، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئۇنىڭ يۈرەك ئىچكى پەردە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەپەسلىنىشى ئاجىزلاش، يۈرەك ئىقتىدارى زەئىپلىشىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىچكى ئەزاسىنىڭ ئىقتىدارى زەئىپلەشكەنلىكى مەلۇم بولدى. خەتەرلىك پەيتتە، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستىغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان دوختۇرخانىلار ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى بىر قىسىم دوختۇرلارنى جىددىي يىغىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش، داۋالاش ھەرىكىتىگە ئاتلاندى... دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى! بۈگۈنكى كۈندە، قەلبىنۇرنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى.

«قەلبىنۇر جياڭسۇ ئۆلكىسى داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىدىن ‹ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى›دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە يولغا قويغان ‹قەلب ئىللىتىش پىلانى›نىڭ 121 ـ مەنپەئەتلەنگۈچىسى» دېدى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى، جياڭسۇ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى دىڭ چياڭ.

قىزىلسۇ ئوبلاستىدا تۇغما يۈرەك كېسەللىكىنىڭ يۇقىرى بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، جياڭسۇ ئۆلكىسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنى تاللاپ ئەۋەتىپ، يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالاقىدار بولغان ئۈچ بۆلۈمنى كۈچەيتىپ، «قەلب ئىللىتىش پىلانى» قاتارلىق ئالاقىدار خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ھازىرغىچە 177 ئاغرىقنىڭ يۈرەك كېسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاپ ساقايتتى. بۇ مەزگىلدە، يەنە بىر تۈركۈم يەرلىك كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈردى.

ئون مىڭ چاقىرىملىق يىراقلىقتىن ئۆمەك تەشكىللەپ كېلىپ، يۇقىرى داۋالاش تېخنىكىسى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن شۇ جايغا بەخت ياراتتى. 2016 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىدىن «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنى باشلىدى، تيەنجىن، گۇاڭدۇڭ، شاڭخەي، لياۋنىڭ، خۇنەن قاتارلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان يەتتە ئۆلكە، شەھەر 3A دەرىجىلىك 60 نەچچە دوختۇرخانىدىن جەمئىي 500دىن ئارتۇق داۋالاش مۇتەخەسسىسىنى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە تاللاپ ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست، تۇرپان شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە بىڭتۇەن 1 ـ شىسىدىكى سەككىز مەركىزىي دوختۇرخانىغا ياردەم بەردى.

خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزدى، يېزا ـ كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ خالىس كېسەل كۆردى، داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈردى... ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، بارلىق تېخنىكىسىنى ئايىماي ئۆگىتىپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان سەككىز دوختۇرخانىنىڭ 1470تىن ئارتۇق يېڭى تېخنىكا، يېڭى تۈرنى قانات يايدۇرۇشىغا، 375 مىڭ 700 ئاغرىقنى دىياگنوز قويۇشىغا، 41 مىڭ 300 ئوپېراتسىيەنى قىلىشىغا ياردەم بەردى، ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى تېببىي خادىملارنى 120 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق تەربىيەلىدى.

داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىدىن «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ياردىمىدە، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان سەككىز دوختۇرخانىنىڭ خەتەرلىك، جىددىي، ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئوتتۇرچە نىسبىتى 94.3%كە يەتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە 3A دەرىجىلىك دوختۇرخانا بولۇشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ئىشقا ئاشتى، يەنە «ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغان داۋالاش قوشۇنى» يېتىشتۈرۈلۈپ، شۇ جاينىڭ داۋالاش مۇلازىمەت سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى.

### ■ ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش

«كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنىڭ تۆھپىسى ھازىرقىلارغا، پايدىسى كېيىنكىلەرگە بولىدۇ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ پائال ئاۋاز قوشۇشى ئۇلارنىڭ سادىقلىقىنى ئىپادىلىدى، شۇنداقلا تېپىلغۇسىز چېنىقىش بولدى» دېدى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جۇڭگو بانكىسى سۇغۇرتا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى شاۋ شياڭلى.

2017 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، 9 ـ تۈركۈمدىكى مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شاۋ شياڭلى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىگە كېلىپ خىزمەت قىلدى. قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىش جەريانىدا، ئۇ ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسى كېچىكئىز كەنتىگە رىشتە باغلىدى، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېچىكئىز كەنتىگە بېرىپ كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسى كېچىكئىز كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى بولغان يېقىنقى ئىككى يىلدا، شاۋ شياڭلى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بەنزىسگە باشلامچىلىق قىلىپ «تۆتنى كېڭەيتىش، ئىككىنى ئاشكارىلاش» قاتارلىق تۈزۈملەرنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى؛ كەمتەر بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، كەنت كادىرلىرى بىلەن بىللە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى؛ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىر بولۇشتەك ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، بېيجىڭ شەھىرىدىكى مېيجياڭ ئوقۇش ياردەم فوندى جەمئىيىتىدە «كىچىككىنە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش فوندى» تەسىس قىلىپ، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش، قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلارغا ئىشلەتتى...

كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ تىرىشىش ئارقىلىق، كىچىك كەنتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. كەنت بارغانسېرى گۈزەللەشتى، كىشىلەر بارغانسېرى ئىتتىپاقلاشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتىكى غەيرىتى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى، بۇ ئۆزگىرىشلەر شاۋ شياڭلىنىڭ ئەينى چاغدىكى كەنتتە تۇرۇش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

تيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىغا نەزەر سالساق، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئالدىنقى سېپىدە، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش بىرىنچى سېپىدە، ھەممىسىدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان سىماسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان تۈركۈم ـ تۈركۈم كادىرلار، ئىختىساسلىقلار شىنجاڭنى يۇرتۇم دەپ بىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى چۆرىدەپ، دادىللىق بىلەن ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، ھەر مىللەت ئامما بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، ھەقىقىي ھېسسىياتىنى شۇ جايغا سىڭدۈردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كۆپ قېتىم كەلدى، بەزىلىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى شىنجاڭدا قېلىشقا ئۆزگەرتتى، ئۇلار شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە تاللاپ ئەۋەتكەن ئورۇنلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى، تيانشان پەرزەنتلىرى بۇنى قەلبىدە مەڭگۈ ساقلايدۇ.

ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

# كەنت ـ مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ياز پەسىللىك جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز لىۋ يى خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون كەنت ـ مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ياز پەسىللىك جېڭىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى. يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كەنت ـ مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەتىياز پەسىللىك جېڭىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىش ئەھۋالى خۇلاسىلىنىپ ئالماشتۇرۇلدى، كېيىنكى قەدەمدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بويىچە كەنت ـ مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە ياخشى باشلىنىش قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر ياز پەسلى، ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ مۇھىتىنى تۈزەپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، كەنت ـ مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئاڭلىقلىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، كۈچەپ كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار» بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئومۇمىي خەلق قاتناشتۇرىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىپ، كەڭ دېھقانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، باش رول ئالدۇرۇش كېرەك. قائىدە ـ تۈزۈم تۇرغۇزۇپ، تۈزەشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مۇستەھكەملەپ، تەدرىجىي ھالدا دېھقانلار ئۆز ئالدىغا تەدبىر بەلگىلەيدىغان، ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرىدىغان، ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بويىچە كەنت ـ مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتى خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، ئۇزاقىچە بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە كەنت ـ مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ياز پەسىللىك جېڭىنى ياخشى قىلىش ۋە ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاجراتقان قەرز پۇل ئىناۋەت مەبلىغى تەخمىنەن 9 مىليارد يۈەن بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاجراتقان قەرز پۇل ئىناۋەت مەبلىغى 89%نى ئىگىلىگەن.

يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ يىل سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش (گۇرۇھ)چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ جەمئىي 1 مىليارد 450 مىليون يۈەنلىك ئىناۋەت مەبلىغىگە ئېرىشتى، بۇ سانجى دۆلەت ئاشلىق زاپاس ساقلاش ئامبىرى مەركىزىي ئامبىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 74 سېتىۋېلىش پونكىت نۇقتىسىنىڭ بۇغداي سېتىۋېلىشتىكى مەبلەغ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى ۋاڭ جۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى تەييارلىغان يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغى ئەمەلىي ئېھتىياجدىن 30% ئارتۇق ھەم يېشىل يول سىياسىتى ئارقىلىق يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئالدىن كاپالەتلىك قىلدى. بۇ يىل، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى جەمئىي 119 قەرز ئېلىش سۇبيېكتىنىڭ ئىناۋەت مەبلىغىنى بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق ئامباردىن 16سى، يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىسىدىن 98ى، كەسپلەشكەن باشلامچى پىششىقلاش كارخانىسىدىن بەشى بار.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، ئاشلىق سېتىۋېلىش، زاپاس ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 2018 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى مالىيە تارماقلىرى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ھەم كۆلەمدىن يۇقىرى پىششىقلاش كارخانىلىرى ئورتاق مەبلەغ چىقىرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش قەرز پۇلى ئىناۋەت كاپالەت فوندى قۇرغان. كاپالەت پۇلى تىرەك بولغاچقا، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى خاتىرجەم قەرز پۇل بېرەلەيدىغان بولغان، ئاشلىق سېتىۋېلىش كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋالىدىغان پۇلى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنغان، ئاشلىق تېرىغان دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدالغان.

بۇنىڭدىن سىرت، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى ھەم ئاپتونوم رايوندىكى مالىيە تارماقلىرى يەنە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكەن. يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى قەرز پۇل تارقىتىشتا ئىجرا قىلغان خەلق بانكىسى ئېلان قىلغان بىر يىللىق تۈپ ئۆسۈم نىسبىتى 4.35% بولۇپ، ئاپتونوم رايون مالىيەسى مۇشۇ ئاساستا ياردەم ئۆسۈم سىياسىتىنى يولغا قويغان، كارخانىلار يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش قەرز پۇلى ئالسا بىر يىللىق قەرز پۇل تۈپ ئۆسۈمى ئۈچۈن 50% ياردەم ئۆسۈمدىن بەھرىلىنەلەيدىكەن.

# 20 يىل بىر تال ياخشى ئۇرۇقلۇق تاللاپ يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىندۇڭ 60 ـ نومۇر بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىش كېرەك. 1999 ـ يىلى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئاساسلىق تېرىلىدىغان بۇغداي سورتى بۈگۈنكىچە تېرىلىپ كېلىنىۋاتقان شىندۇڭ 20 ـ نومۇر ئىدى. بۇ سورت 1991 ـ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى خېبېي ئۆلكىسىدىن كىرگۈزگەن بالدۇر پىشىدىغان بۇغداي سورتى بولۇپ، بۇ سورت جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇھىتىغا باب كېلىپ، شىنجاڭدا تەكشۈرۈلۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، شىندۇڭ 20 ـ نومۇر دەپ ئاتالدى.

«ئەينى يىلى سورت يېتىشتۈرۈش ماتېرىيالى كەمچىل بولۇپ، يېتىلگەن سورتنى كىرگۈزۈش جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ بۇغداي سورتى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىدى.» خۇاڭ تيەنرۇڭ مۇنداق دېدى: ئەللەرنىڭ ئىچىدىن ئەلاسىنى تاللاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بۇغداينىڭ مۇھىتقا بولغان تەلىپى بارغانسېرى قاتتىق بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئەڭ ئاخىرىدا يەرلىكتە تاللاپ يېتىشتۈرۈلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي سورتىغا ئېھتىياجلىق بولدى.

ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئالدى بىلەن ئاتىلىق ۋە ئانىلىق سەپلەنگەن گۇرۇپپىنى بېكىتىش كېرەك. تاللاپ يېتىشتۈرۈش كوللېكتىپى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە باب كېلىدىغان بۇغداي سورتى (سىستېما)نى تاللاپ، بۇ سورت (سىستېما)لارنىڭ ئېتىزدىكى زىرائەت ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىپ ھەم تەجرىبىخانىدا ئانىلىق ۋە ئاتىلىق ئەلا سۈپەتلىك ئىرسىيەت گېنىنى ئانالىز قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا خېبېي ۋە تيەنجىندىن ئىككى سورت (سىستېما)نى كىرگۈزۈپ، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ ئانىلىق تۆپى ۋە ئاتىلىق تۆپى قىلىپ بېكىتتى، بۇ قەدەمنى بېسىش ئۈچۈن ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى.

«بۇ بىر ئۇزاق، جاپالىق جەريان.» خۇاڭ تيەنرۇڭ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: دەسلەپكى يىللاردا پەن تەتقىقات تېخنىكىسى بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلمىغان، يېتىشتۈرۈش خادىملىرى ھەر يىلى كۆپىنچە ۋاقتىنى يېتىشتۈرۈش بازىسىدا ئۆتكۈزەتتى، پەن تەتقىقاتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىنتايىن ئاستا ئىدى.

«سورتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىندى.» خۇاڭ تيەنرۇڭ مۇنداق دېدى: بۇ ئۇزاق ئون يىلدا پەقەت يېتىشتۈرۈش خادىملىرى تىرىشىپلا قالماي، پوسكام ناھىيەسىمۇ تەتقىق قىلىپ ئېچىش كوللېكتىپىنى تەجرىبە بازىسى قاتارلىق زۆرۈر قوللاش بىلەن ئىزچىل تەمىنلەپ، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئومۇميۈزلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

2009 ـ يىلى، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ تۈرلۈك ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى مۇقىملىشىشقا يۈزلىنىپ، تەجرىبە قىلىپ بېكىتىش باسقۇچىغا كىرىشكە باشلىدى. رايون تەجرىبىسى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى، سورت تەكشۈرۈپ بېكىتىش، 2016 ـ يىلى، شىندۇڭ 60 ـ نومۇر يېڭى سورت سۈپىتىدە ئاخىر ئۆلكە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش باسقۇچىغا كىردى.

بۇ نەچچە يىلدا، پەن تەتقىقات خادىملىرى ئىزچىل شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ «يۇرتى» پوسكام ناھىيەسىدە ئۇنىڭ سورتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاپ، ئۇنى كېڭەيتىش جەريانىدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سۈپەت ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدۇردى. شىندۇڭ 20 ـ نومۇر جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى دېھقانلار ئاللىبۇرۇن ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن بۇغداي سورتىغا ئايلانغانلىقتىن، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ كېڭەيتىلىش سۈرئىتى ئانچە تېز بولمىدى، لېكىن تەتقىق قىلىپ ئاچقۇچىلار باشتىن ـ ئاخىر تىرىشىشتىن ۋاز كەچمىدى.

بۇ يىلغا كەلگەندە، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش تۈرى باشلىنىپ 20 يىلدىن كېيىن، چىڭ تۇرۇش ۋە تىرىشىش ئاخىر جاۋابقا ئېرىشتى. ئۇ ياراتقان رېكورتلار دەل تەتقىق قىلىپ ئېچىش كوللېكتىپىنىڭ 20 يىللىق بوشاشماي تىرىشقانلىقىغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپات بولدى.

### ■ پەن ـ تېخنىكا ـ كارخانا ھەمكارلىقى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆلگىسى

شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشى تاللاپ يېتىشتۈرۈش كوللېكتىپىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇرۇقچىلىق شىركىتىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

بىرلىشىپ تەتقىق قىلىپ ئاچقان ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ جيۇفېڭخې ئۇرۇقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى بىلەن ئورتاق ھەمكارلىشىپ ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش تۈرىنى تەسىس قىلىپ، ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش تۈرىگە مەبلەغ مەددىتى بېرىپلا قالماي، يەنە تەتقىق قىلىپ ئېچىش جەريانىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، بازارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك سورتقا بولغان تەلىپىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش كوللېكتىپىغا ئىنكاس قىلىپ، ئۇرۇقلۇقنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى ھالقىنىڭ باغلىنىشىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى.

«جيۇفېڭخې ئۇرۇقچىلىقنىڭ شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ ئۆز ئالدىغا سورت تىجارەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇقلۇقنى كېڭەيتىش، يېتىشتۈرۈش باسقۇچىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.» خۇاڭ تيەنرۇڭ مۇنداق دېدى: كارخانا ئۇرۇقلۇقنى كېڭەيتىش، يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ بايلىق مەنبەسى ۋە تېخنىكا ئەۋزەللىككە ئىگە، بۇ، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

شىنجاڭ جيۇفېڭخې ئۇرۇقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە باش مۇدىرى چېن شياڭلۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىلىشىدە سۈپەت ئاچقۇچ ئىكەن. كارخانا قاتتىق بولغان سۈپەتسىزلەرنى چىقىرىۋېتىش، ناچارلارنى چىقىرىۋېتىش خىزمىتى ئارقىلىق ئۇرۇقلۇقنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەپ، ئەلا سۈپەتلىك ياخشى ئۇرۇقلۇقنىڭ سۈپەت ئالاھىدىلىكىنى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدا ھەقىقىي نامايان قىلىپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە نەپ يەتكۈزىدىكەن.

«بىز يەنە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنى ئىلمىي تېرىش ئەندىزىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ كېڭەيتىپ، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق بىلەن ياخشى ئۇسۇلنى ئۆزئارا يانداشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قازىمىز.» چېن شياڭلۇڭ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، شىركەت داۋاملىق تۈردە پەن ـ تېخنىكا ــــ كارخانا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇغداي يېڭى سورتىنى كېڭەيتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆلەملەشكەن، ئۆلچەملەشكەن يادرولۇق سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇپ، يەرنى ئوبوروت قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ يېڭى سورت، يېڭى تېخنىكىغا بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردۇ.

«پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئۇرۇقچىلىق شىركەتلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ بۇغداي كەسپىدىكى چولپان سورت قىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى يېتەكلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا ياردەم بېرىش جەھەتلەردىكى تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار» دېدى خۇاڭ تيەنرۇڭ.